# ئىزدىنىش

## (تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

12 1995

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

1995-يىل 12-سان

(ئومۇمىي 90-سان)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 19-، 21-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ........................................ **ۋاڭ لېچۈەن(2)**

**8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى — شانلىق تەرەققىياتلار قولغا كەلگەن بەش يىل**

........................................................................ **چېن جۈنخۇا(14)**

**جۇڭگونىڭ 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلىشىدىكى پروگراممىسى**

— پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»نى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان بىرقانچە تەسىراتىم........................ **ۋاڭ ۋېيدېڭ(30)**

**★12-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**ۋاڭ لېچۈەن**

بۇ يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 40 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن كۈن. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېپيېڭى ۋەزىيەت ياراتتى، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ سەلتەنەتلىك داستانىنى يېزىپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، سوتسىيالىستىك شىنجاڭ چەكسىز، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

## (1)

1949-يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئازاب-ئوقۇبەتلىك مۇساپە ئاخىرلىشىپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. 1955-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىدىكى شانلىق بىر سەھىپە.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىردەك باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مۇناسىۋىتىنى ئورناتتۇق. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ

ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق تىرىشىشىغا تايىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، نامرات، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتتۇق. 1950-يىلدىن 1994-يىلغىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ مۇقىم مۈلككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 90 مىليارد 346 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1994-يىلى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 67 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ 1949-يىلدىكىنىڭ 40 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ 1949-يىلدىكىنىڭ 16 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇلغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكتىن زورىيىپ، تۈرلۈك كارخانىلار 5824كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا 177گە، مەھسۇلاتى 2000 نەچچە يۈز خىلغا يېتىپ، پولات-تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ماشىنىسازلىق، رەڭلىك مېتال، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، شېكەر، قەغەز، كۆن-خۇرۇم، يېمەكلىك، تاماكا قاتارلىق تۈرى بىرقەدەر تولۇق بولغان زامانىۋىي سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. 1994-يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليارد 152 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ، 1952-يىلدىكىنىڭ 104 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلقنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، بىر قىسىم ئائىلىلەر تۇرمۇشتا ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويدى. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىدىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. 1994-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي مەكتەپ 21گە، تۈرلۈك ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى 2168گە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر 8947گە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 3 مىليون 41 مىڭ 600گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1 مىليون 978 مىڭ 200گە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى 424 مىڭ 300گە يەتتى، بۇ 1949-يىلدىكىنىڭ 129 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. زور قىسمەتكە ئىگە پەن-تېخنىكا نەتىجىسىدىن 5398ى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زور بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات تۈرلىرى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، يەنە بەزىلىرى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. چېگرا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش ئەمەلىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى قارىشى ۋە تار بېكىنمىچىلىك ئېڭىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قىممەت قارىشى ھەم ئېچىۋېتىش ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ئېڭىنى تەدرىجى تۇرغۇزدى.

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈردۇق، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، كىچىك ئىشتىن باشلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يولىدا ياخشى ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەسىرلىك زەپەر مارشىنى ياڭراتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى.

— خەلق ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە شۇ مەزگىلدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىنمۇ سەل يۇقىرى بولدى. 1994-يىلى 1978-يىلىغا قارىغاندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 67 مىليارد 368 مىليون يۈەن ئاشتى، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4.43 ھەسسە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 11.6% ئاشتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.59 پىرسەنتتىن ئېشىپ باردى.

— ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1979-يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 76 مىليارد 790 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ ئالدىنقى 29 يىلدىكىنىڭ 5.6 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، بولۇپمۇ سۇ، توك، يول قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچىدىن كورلىغىچە بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ تاغ ئېغىزىغىچە بولغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە لەنجۇ-ئۈرۈمچى قوش لىنىيىلىك تۆمۈريولى ئارقا-ئارقىدىن ياسالدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەكرىتاغنى كېسىپ ئۆتىدىغان مايتاغ-كۇچا تاشيولى قاتارلىق بىرتۈركۈم نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملاندى. دۆلەت ئىچىدە 24 ھاۋا لىنىيىسى، بەش خەلقئارا ھاۋا لىنىيىسى ئېچىلدى، تىجارەت قىلىدىغان ھاۋا لىنىيىسى 40قا يەتتى. ئاسىيا-ياۋروپا ئوپتىك كابېل تۇتاشتۇرۇلۇپ، پوچتا-تېلېگراف ئالاقىلىشىش ئىشلىرى سۈنئىي ھەمراھ، مىكرو

www.uyghurkitap.com

دولقۇن، ئوپتىك كابىل ۋە پروگراممىلىق كونترول قىلىشتەك يېپ-يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى.

— ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىششقا قاراپ راۋاجلاندى. بىز دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلدۇق. شەھەرلەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلماقتا ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلماقتا، كارخانىلاردا يېڭى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىنماقتا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولماقتا. بىز پىلان، مالىيە، باج، مەبلەغ سېلىش، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى سودا، ئوبوروت، ماددىي ئەشيا، باھا، ئەمگەك-مائاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى پائال، سالماقلىق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ياراتتۇق. بىز ”ھەرتەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، غەربىي قىسىمغا يۈزلىنىش“، ”سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلەتتۇق.

— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1994-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى كىرىمى 4252 يۈەن، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 935.52 يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 4.93 ھەسسە ۋە 6.86 ھەسسە ئاشتى. 88% نامرات ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل سوممىسى 34 مىليارد 771 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 48.7 ھەسسە ئاشتى.

— سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. بىز ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردۇق؛ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غايە، ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ باردۇق؛ شەھەر ۋە يېزىلاردا ”ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش“، ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچىلار بىلەن خەلق، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ”مەنىۋى مەدەنىيەت بويىچە يېڭى كەيپىيات يارىتىش، ئون ئۈلگە باھالاش“ ۋە ”ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىيەتلىك ئائىلە باھالاش“قا ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردۇق. تەشۋىقات، ئاخبارات ۋە نەشرىيات خىزمىتىدە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلدۇردۇق. مەدەنىيەت-سەنئەت، رادىئو-تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولدى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە قىلىندى. قىرىق

نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-**قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى** بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئورۇنداپ، پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قاقاس چۆللىكتە يېشىل بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ ئازاد قىلىنغان ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ، شىنجاڭنىڭ مىڭلارچە يىللىق تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەردۇر.

جۇڭگو كومپارتىيىسى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى بولمىغان بولاتتى، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنمۇ بولمىغان بولاتتى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا ئاندىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ؛ پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستى توغرا، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە؛ بىر رايون، بىر مىللەت روناق تاپماقچى، تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇشى، جۇملىدىن ئىچكى جەھەتتە ئىشكىنى باشقا مىللەتلەرگە، باشقا رايونلارغا ۋە چەت ئەللەرگە ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. بۇ ئۈچ نۇقتا، شىنجاڭ ئازاد بولغان ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇساپىسىدە يوغۇرۇلغان مەڭگۈ ئۆچمەس تۆپ يەكۈن.

## (2)

40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مول تەجرىبىلەرنى ياراتتى ۋە توپلىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىجادىي ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك**

جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىغا ۋە جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرولۇق كۈچتۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى قىبلىنامە، شۇنداقلا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تۈرلۈك ئىشلاردا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئەڭگۈشتەردۇر. شىنجاڭ چېگرا رايون، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئورتاق ئەھۋالدىن باشقا يەنە ئۆزىگە خاس تارىخ، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كونكرېت ئەھۋال ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەھەتتە ھەم قەتئىي تەۋرەنمەسلىك كېرەك ھەم يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان خىزمەت فاڭجېنىنى، نىشان ۋە ۋەزىپىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**2. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش كېرەك**

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، بۇ شىنجاڭدەك ئازسانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايوندا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جىددىي ئارزۇسى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمەت نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بىز مەركەزنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بەزى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى، ئوي-پىكرىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تىرىشىپ تېزلەتتۇق. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەخت-سائادەت يارىتىشنى

ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى قىلىپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق ۋە ياخشىلىدۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش يۈكسەلگەندىلا ئاندىن مىللەتلەر ئىتتىپاقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ، ئاندىن پارتىيىمىز، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.

**3. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك**

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى: مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ. بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭدا ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۆتكۈرلىشىدۇ ھەم كەسكىنلىشىدۇ. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز-نىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىدۇر. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋە كادىرلىرىغا ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا قارشى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ ئېچىپ تاشلىشىمىز، بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي ئۇنىملۇك قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز لازىم.

**4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇ-رۇپ، شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك**

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، نۇرغۇن يېڭى تەجرىبىلەرنى ياراتتۇق. مەسىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرىنچى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ كەلدۇق؛ قەتئىي بوشاشماستىن ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ باردۇق؛ 1983-يىلدىن باشلاپ 5-ئاينى ئۇدا 13 يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە ئېيى قىلدۇق؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسى بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇردۇق؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قاتلاممۇقاتلام تەغدىرلىدۇق ۋەھاكازالار. بۇ تەجرىبىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ جايلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان بىز قىسىم، بىڭتۈەن، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش يولىدا پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ۋە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىربىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، ئورتاق راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى.

مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بولسۇن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە، ئىتتىپاقلىق شان-زەپەر!

### 5. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش كېرەك

ئۇزاقتىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلغاچقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ھوقۇق-مەنپەئەتى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى كىشىلەر قەلبىدىن كۈنسايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللىي خىزمەت ئۈزلۈكسىز يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلىپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىمىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى تايانچىدۇر. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردۇق. ئۇلار ھەرقايسى سەپلەردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشتى.

### 6. دۆلەتنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىش بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك

شىنجاڭ — سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى باشتىن-ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشىگە ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

دۆلەتنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرى بولمىغان بولاتتى، شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشايدىغان بەختلىك تۇرمۇشمۇ بولمىغان بولاتتى.

شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ، قېرىنداش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىراق دۆلەتنىڭ قوللىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ۋە ناچار تەبىئىي شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر ۋە يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ۋە قۇرۇلۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك فاڭجېن. دۆلەتنىڭ قوللىشىنى ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىدا داۋاملىق چىڭ تۇرغاندىلا ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى ئۈزلۈكسىز يېڭىپ، غەلبىدىن غەلبىگە قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

## (3)

تارىخ كەلگۈسىگە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك. ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدىغان مۇھىم باسقۇچ، شۇنداقلا 21-ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشىگە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالىدىغان ھالقىلىق مەزگىل. بۇ مەزگىلدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئۈچ قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇشىمىز؛ 2010-يىلغا بارغاندا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاشقا تىرىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە باياشات سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسى، شۇنداقلا تارىخ مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەرگە يۈكلىگەن ئالىيجاناب ۋەزىپىدۇر.

ئەسىر ھالقىغان كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدىمىزدا تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بازار ئىگىلىكى نۇقتىئىنەزەرى، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى ۋە ھەرىكەت ھالىتى بويىچە قاراپ، ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى مەركەزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلىشى ۋە ستراتېگىيىلىك جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىن ئىبارەت چوڭ بازار ۋە چوڭ ئومۇمىيلىق ئۈستىگە قويۇپ ئويلىنىپ، تەرەققىياتىمىزنى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن تېزلىتىشىمىز كېرەك.

تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇشىمىز، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىشىمىز ۋە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. 40 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكى كۆچلۈك تۈرگە ۋە يېزىلارنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىدىكى ئەڭ رېئال ئەۋزەللىككە ئايلاندى. دۆلەت شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختىچىلىق بازىسى ۋە يېڭى ئاشلىق ماكانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، شىنجاڭنى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى، ئەڭ چوڭ قەنت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە چارۋىچىلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تايانچ سانائەت ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەرنى تېزدىن قۇرۇپ ۋە شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. پۇختا ئىشلەش، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئاساسىدا، نېفىت، نېفىت تەبىئىي گازى، خىمىيە سانائىتى ۋە پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى تايانچ سانائىتى قىلىپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇقتىلىق كەسىپلەرنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياخشى مۇھىتقا ئىگە بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېنىك سانائەت، يېمەكلىك سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە نازۇكلۇق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە باشلامچى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىچكى بازار ۋە خەلقئارا بازارلاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە، ئاساسلىق خام ئەشيا قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي كەسىپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىشىمىز كېرەك. بىز دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، يەرلىك، بىڭتۇەن، مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكە، دېڭىز بويىدىكى رايونلار ۋە ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كۈچى بىلەن بىرلىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكىسىنى جەلب قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ ۋە قۇرۇلۇش مۇھىتىنى يارىتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش

ئىقتىدارىنى ۋە ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىسلاھاتتىن كېلىدۇ. بىز ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالغا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇشقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ماھىر بولۇپ ۋە جۈرئەت قىلىپ، ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئىسلاھات ئارقىلىق يېڭىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەمدە يېزا ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ سانائەت سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەيدىنپەي ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇرۇش، كارخانىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكى، سودا-سانائەتنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىزىغا سېلىشىمىز كېرەك. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بىز مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پىلان، باج، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى، تاشقى سودا تۈزۈلمىسى، تۇرالغۇ جاي، يەر-زېمىن ئىشلىتىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، شىمالىي شىنجاڭنى كەڭ ئېچىۋېتىش بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنىمۇ تېزلىتىشىمىز لازىم.

مۇقىملىقنى ساقلاش ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ”مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ“ دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ”غەرپچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىم.

بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقىلارغا

ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى!

**(ئاپتور ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت شۆجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى شانلىق تەرەققىياتلار قولغا كەلگەن بەش يىل

چېن جىنخۇا

## 1

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 46 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىياتىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ 90-يىلغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تېز، مۇقىم تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 4 تىرىليون 40 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 تىرىليون 430 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 2.3 ھەسسە ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەردىن 700 دىن كۆپرەكى تاماملىنىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىگە قارىغاندا يۈزدىن كۆپرەك تۈر ئارتۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 1 تىرىليون 380 مىليارد يۈەن ئەتراپىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى %11 ئەتراپىدا بولىدۇ، دەپ مۆلچەرلەنگەندى، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار جەھەتتە ئىككى قاتلاش نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ ئاشلىق، كۆمۈر، پولات-تۆمۈر، توك، خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت، خىمىيىۋى تالا قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى؛ شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرمۇش راسخوتى كىرىمى ۋە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %8.4 كە ۋە %4.2 كە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سەۋىيىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى ئېلىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان بەش يىل، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئەڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بەش يىل بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا زور رول ئوينىدى ھەمدە يەنىمۇ

زور رول ئوينىغۇسى.

**بىرىنچى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان سانائەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرى بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى 68 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىگە قارىغاندا 1.6 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت دەريا-ئېقىن، كۆللەرنى تىزگىنلەپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، چوڭ تىپتىكى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى بەرپا قىلىش، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان سانائەت قۇرۇش جەھەتتە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ باردى. شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-يۇقىرى ئېقىمى، شۇنىڭدەك دېڭىز بويلىرى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ تىپتىكى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1980-يىلدىكى 12% تىن ھازىرقى 13.9% كە يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇم-بورائىنىڭ زىيىنى ۋە تۇپراقنىڭ يالىڭاچلىنىشى ئازايتىلدى. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا بەش يىلدا جەمئىي 65 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1978-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان 13 يىلدا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 1.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەبلەغ سېلىنغان خۇەيخې دەرياسى قۇرۇلۇشى، تەيخۇ كۆلى قۇرۇلۇشى، دۇڭتىڭخۇ كۆلى قۇرۇلۇشى، شياۋلاڭدى قۇرۇلۇشى، گەنسۇدىكى داتوڭ دەرياسىنىڭ سۇيىنى چىنۋاڭچۇەن رايونىغا باشلاش قۇرۇلۇشى، ۋەنجياجەي قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغىرىش ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش تايانچ قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈرۈلۈپ، چوڭ دەريا-ئېقىن، كۆللەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئېتىزلارنىڭ سۇغىرىلىش كۆلىمى 740 مىليون موغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلدى. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان سانائەتنى، جۈملىدىن خىمىيىۋى ئوغۇت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت جەمئىي 16 مىليارد يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاجرىتىپ، ئىچكى موڭغۇل، سىچۈەن، خۇبېي، شەنشى، يۈننەن قاتارلىق جايلاردا چوڭ تىپتىكى خىمىيىۋى ئوغۇت تۈرىدىن 18نى بەرپا قىلدى. 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 22 مىليون 900 مىڭ توننىغا (ساپ ئوغۇت بويىچە ھېسابلىغاندا) يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تاۋار ئاشلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاشلىق، پاختا، ياغ، گۆش مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش نىشان قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى مۇقىم قەدەمدە ئاشتى، 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 455 مىليون

تونىغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

**ئىككىنچى، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۇنىۋېرسال ترانسپورت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى؛ پوچتا-تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرى قۇرۇلۇشى دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.** ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتتى، 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە بولغان 18 يىل ئىچىدە، جەمئىي 226 مىليارد 100 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 143 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 63 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بېيجىڭ-جيۇلۇڭ تۆمۈريولى، باۋجى-جۇڭۋېي تۆمۈريولى، لەنجۇ-ئۈرۈمچى تۆمۈريولىنىڭ قوش لىنىيە قۇرۇلۇشى، خاڭجۇ-جۇجۇ تۆمۈريولىنىڭ قوش لىنىيە قۇرۇلۇشى، جېجياڭ-جياڭشى تۆمۈريولىنىڭ قوش لىنىيە قۇرۇلۇشى، نەننىڭ-كۇنمىڭ تۆمۈريولى، داتۇڭ-چىنخۇاڭداۋ تۆمۈريولىنىڭ 2-مەۋسۇملۇق قۇرۇلۇشى ۋە بېيجىڭ غەربىي ۋوگزال قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆمۈريول توردىكى بىر تۈركۈم تايانچ قۇرۇلۇشلار نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. يېڭىدىن 5800 كىلومېتىر تۆمۈريول ياسالدى، 3400 كىلومېتىر تۆمۈريول قوش لىنىيەلەشتۈرۈلدى، 2600 كىلومېتىر تۆمۈريول ئېلېكترلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تارىخىدا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلىپ، تۆمۈريول قاتنىشىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پورت، تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىمۇ زور دەرىجىدە تېزلىتىلدى، 1991-يىلدىن 1995-يىلغىچە يېڭى ياسالغان تاشيولنىڭ 92 مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىسىدە قاتناش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 1700 كىلومېتىرغا يەتتى؛ سۇيى تېرەن 100 پىرستان پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭىدىن ياسالغان پورتلارنىڭ مال كىرگۈزۈش-چىقىرىش ئىقتىدارى تەخمىنەن 138 مىليون تونىغا يەتتى؛ چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئايرودرومدىن قىرىق توققۇزى ياسالدى.

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پوچتا-تېلېگراف، ئالاقە ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بەش يىلدا جەمئىي 74 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، سېلىنغان بۇ مەبلەغ 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى 1978-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان 13 يىلدا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىن يەنە 59 مىليارد 200 مىليون يۈەن كۆپ بولدى، بېيجىڭ پوچتا مەركىزى، جەنۇبتىكى دېڭىز بويى رايونى، بېيجىڭ-ۋۇخەن-گۇاڭجۇ، بېيجىڭ-شېنياڭ-خاربىن، خاڭجۇ-فۇجۇ-گۇيجۇ-چېڭدۇ، بېيجىڭ-كۆكخوت-يىنچۈەن-لەنجۇ، بېيجىڭ-تەييۈەن-شىئەن ئوپتىك كابېل ئالاقە لىنىيىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ تۈرلەر ئىلگىرى-كېيىن پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭىدىن ئۇزارتىلغان ئوپتىك كابېل ئالاقە لىنىيىسى 49 مىڭ 900 كىلومېتىرغا يەتتى، رەقەملىك مىكرو

دولقۇنلۇق غول ئالاقە لىنىيىسى 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشۇرۇلدى، باش تېلېفون ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 58 مىليون يۈرۈش كۆپەيتىلدى. پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدا، ھازىر دۇنيادا ئىلغار سانالغان ئوپتىكىلىق ئالاقىلىشىش، مىكرو دولقۇنلۇق ئالاقىلىشىش، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ۋە پروگراممىلىق كونترول قىلىش قاتارلىق تېخنىكا-ئۈسكۈنىلەر كۆپلەپ قوللىنىلدى ھەمدە تەقلىدىي رەقەملىك ئارىلاشما ئالاقە تورىدىن رەقەملىك ئالاقە تورىغا ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر، بېيجىڭنى مەركەز قىلغان، كۆپ خىل زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋى ئالاقە تورى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئالاقە تورى قوشۇمچە قىلىنغان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاشتۇرۇلغان زامانىۋىلاشقان ئۇنىۋېرسال ئالاقە تورى مەملىكەت بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

**ئۈچىنچى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە توك تارقىتىش ماشىنا قۇرۇلمىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 200 مىليون كىلوۋات بولۇشتەك يېڭى پەللىگە قەدەم قويدى.** ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان-ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ* توپلاپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى، 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا جەمئىي 449 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 279 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشىدا ئۈچ جەھەتتە بۆسۈپ ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى: بىرىنچى، 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇدا سەككىز يىل يىلىغا 10 مىليون كىلوۋاتتىن يۇقىرى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشتەك يېڭى رېكورت يارىتىلدى؛ ئىككىنچى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بويىچە گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشتە يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جەمئىي 14 مىليون 330 مىڭ كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن 4 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات كۆپ بولدى؛ ئۈچىنچى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىنشەن ۋە داياۋەندىن ئىبارەت ئىككى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇقىدا يادرو ئېلېكتر ستانسىسى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ يادرو ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا زور بۆسۈش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كۆمۈر، نېفىت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە داۋاملىق پۇختا قەدەملەر بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 8-بەش يىلدا كۆمۈر سانائىتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 72 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يېڭىدىن 98 مىليون 180 مىڭ توننا ئاشۇرۇش مۆلچەرلەندى. نېفىت ئىشلىرى ساھەسىدە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن 54 مىليون 80

مىڭ توننا ئاشۇرۇلۇپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن 14 مىليون 60 مىڭ توننا كۆپ بولدى.

**تۆتىنچى، تايانچ كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى تېزلىتىلدى.** دۆلەت 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ماشىنا-ئېلېكترون، ئاپتوموبىل، نېفىت-خىمىيە سانائىتى قاتارلىق تايانچ كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىشنى تەدرىجى كۈچەيتتى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ئاپتوموبىل، نېفىت-خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 170 مىليارد يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ تايانچ كەسىپلەرنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1994-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكىتىمىز ئىشلەپچىقارغان ئاپتوموبىللارنىڭ سانى 1 مىليون 400 مىڭغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە ئاشتى؛ ئېتىلېننىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 190 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 620 مىڭ توننا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلدى؛ توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىدا 400 مىليون بۆلەككە يېتىدۇ. ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ئاپتوموبىل سانائىتى قاتارلىق تايانچ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

تايانچ كەسىپلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بىر تۈركۈم مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تېز تەرەققىي قىلدى. پولات-تۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى بويىچە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. پولاتنىڭ 1995-يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 96 مىليون تونىنغا، بەش يىلدا ئاشقان پولاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 30 مىليون تونىنغا يېتىپ، دۆلىتىمىز پولات ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيا بويىچە 2-چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى. تۈر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بەزى مۇھىم ئورۇنلار ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق تۈرلەر ھەمدە بازاردا قىس بولۇۋاتقان پولات ماتېرىيال تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1994-يىلى 1990-يىلدىكىدىن %80 ئېشىپ، شۇ مەزگىلدىكى پولات ماتېرىياللىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. رەڭلىك مېتال سانائىتى جەھەتتە، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەركەزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالىدىغان مەبلىغىنىڭلا 22 مىليارد يۈەن ئورۇنلىنىشى مۆلچەرلەنگەنىدى. 1994-يىلى رەڭلىك مېتالنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 750 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 1.48 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %11.9 ئاشتى. مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رەڭلىك مېتالنى كۆپلەپ ئىمپورت قىلىشقا تايىنىشتەك ئەھۋال زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى، ئاليۇمىن مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدىغان، ئاليۇمىن، سىنك ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە خىمىيە سانائىتى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىمۇ خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، جىنشى چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، بېيجىڭ سېمونت زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ

www.uyghurkitap.com

سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم زور تۈرلەر كەينى-كەينىدىن پۈتتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات مىقدارى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

**بەشىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلار پۇختا قەدەملەر بىلەن راۋاجلاندى.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە، رادىئو ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى 120 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سېلىنغان مەبلەغدىن 40 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشتى. 1994-يىلى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 800 مىڭغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 36% ئاشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى 86.6% بولۇپ، 1990-يىلدىكىدىن 12% ئۆستى. 1994-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە مۇزېي 1140قا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 127 سى كۆپەيدى؛ مەملىكەت بويىچە رادىئو ئىستانسىسى 1108 گە، تېلېۋىزىيە مەركىزىي ئىستانسىسى 764 كە يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 74% ۋە 50% كۆپەيدى. تېلېۋىزىيە ۋە رادىئونىڭ ئاھالىدىكى ئومۇملىشىش نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 83.4% كە ۋە 77.5% كە يەتتى. 1994-يىلى مەملىكەت بويىچە دوختۇرخانا 68 مىڭغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىكىگە قارىغاندا 5000 دىن كۆپ دوختۇرخانا كۆپەيدى؛ مەملىكەت بويىچە دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋىتىنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليون 830 مىڭغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىگە قارىغاندا 210مىڭ كارىۋات كۆپەيدى. تەنتەربىيە، مەتبۇئات ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەرمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

**ئالتىنچى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشى چىڭ تۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا يېتەرلىك، ئەمەلىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشقا ساھەسىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېكسپورت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئىستېمال بۇيۇملىرى قىس بولۇشتەك زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، يېنىك سانائەت مەھسۇلات مىقدارى خېلى كۆپ ئاشتى، مال تۈرى، سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. زاۋۇت قەغىزى، قەغەز تاختاي، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان توڭلاتقۇ، بىرىكمە كىر سۇيۇقلۇقى قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئېلىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان تايانچ مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى. 1994-يىلى يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىپ يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 71 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق ئېشىش نىسبىتى 23.6% بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. 1991-يىلدىن 1994-يىلغىچە

تۇرلۇك مەبلەغدىن 431 مىليارد 800 مىليون يۇەن تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، يۇتكەن تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 600 مىليون كۋادرات مېترغا يەتتى، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ جاي كۆلىمى 1990-يىلدىكى 9.5 كۋادرات مېتردىن كۆپىيىپ 1994-يىلى 11 كۋادرات مېترغا يەتكۈزۈلدى.

## 2

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا بىسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك بارلىقىنى كۆرىمىز:

**بىرىنچى، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.** ئۇزۇندىن بۇيان، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاستىدا، بىز تۇرلۇك قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىنى ئاساسلىقى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانىنى قوللىنىش ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقنى تايىنىش ئارقىلىق باشقۇرۇپ كەلگەنىدۇق، بىگى ۋەزىيەتتە، بۇ ئۇسۇل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردۇق، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا، بايلىقنى تەقسىملەشكە قارىتا بازارنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش فاكتېنى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىز 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلاردا، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق. پىلانلىق باشقۇرۇش جەھەتتە، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇيرۇق خاراكتېردىكى پىلانلىق باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ۋاستىلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك قوللىنىپ، بازارلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۇردۇق. نۆۋەتتە، دۆلەت پىلان كومىتېتى بىۋاستە باشقۇرۋاتقان بۇيرۇق خاراكتېردىكى پىلان كۆرسەتكۈچى ئاران 4%نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ بازار تۈزۈلمىسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ نىسبىتىدىنمۇ تۆۋەن؛ تۇرلەرنى پىلانلاش ۋە تەكشۇرۇپ تەستىقلاش جەھەتتە، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، تۇرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى كۆزدە تۇتۇلۇپلا قالماي، بازارنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىغىمۇ قارىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ بازىرى بار-يوقلۇقى تۇرنى بەلگىلىشىمىزدىكى بىر مۇھىم ئۆلچەم قىلىندى؛ مەبلەغ ھازىرلاش جەھەتتە، سېلىنىدىغان مەبلەغ مەنبەسىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىدەك يىڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى، مەبلەغ بازىرىنىڭ يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، ۋاستىلىك مەبلەغ ئۆزلەشتۇرۇشنىڭ مۇقىم ئېششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرۋاقتتا، پاي چېكى، زايوم چېكى، مەبلەغ توپلاش قاتارلىق بىۋاستە مەبلەغ

www.uyghurkitap.com

سېلىش ئۇسۇلى ئۇستىدىمۇ پائال ئىزدىنىلدى؛ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، تۈرلەر بويىچە قانۇنىي ۋەكىل مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش تۈزۈمى، تۈرلەر بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەر پائال يولغا قويۇلۇپ، بازار ئىگىلىكى ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش جەھەتتە، چەت ئەل ھۆكۈمىتىنىڭ، خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىش، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش ۋە تولۇقلىما سودا قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر قوللىنىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى.

**ئىككىنچى، كەسىپ سىياستى يېتەكچى قىلىنىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلدى.**

ئۇزۇندىن بۇيان، تۆمۈريول، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، پوچتا-تېلېگراف، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي سانائەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن، تايانچ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ئىزچىل تۈردە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ”بويۇنتۇرۇق“ بولۇپ قالغانىدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان كەسىپ سىياستىگە ئاساسەن، قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشنى تېزلىتىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلدۇق ھەمدە بىر قاتار ئۈنۈملۈك سىياسەت ۋە چارىلەرنى ئېلان قىلدۇق. بىرىنچىدىن، مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياستى يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي كەسىپ ۋە تايانچ كەسىپلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى. دەسلەپكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف، خەت-ئالاقە، مۇھىم خام ئەشيا، ماشىنىسازلىق-ئېلېكترون، ئاپتوموبىل، نېفىت، خىمىيە سانائىتى جەھەتتىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ تەخمىنەن 1تىرىليون 700 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، شۇ مەزگىلدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلىغىنىڭ 58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان؛ ئىككىنچىدىن، مەبلەغ، ماددىي ئەشيا جىددىي بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت ھەر يىلى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان دۆلەتنىڭ بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بەلگىلەپ، بۇ تۈرلەرنى مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، تۆمۈريول ترانسپورتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەش، ئۈسكۈنىلەرنى ياساش، يەر ئىشلىتىش، چېقىش-كۆچۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇقتىلىق كاپالەتلەندۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، 280 دىن كۆپرەك دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بەلگىلەندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، گەرچە بۇ تۈرلەرنىڭ سانى شۇ مەزگىلدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئاران 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ 50 پىرسەنتتىن ئاشتى؛ ئۈچىنچىدىن، مەخسۇس تۈر بويىچە قۇرۇلۇش مەبلىغى تەسىس قىلىنىپ، ئاساس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تۆمۈريول، پوچتا-تېلېگراف، تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، پورت، نېفىت قاتارلىق مەخسۇس تۈر بويىچە كۆپ خىل قۇرۇلۇش مەبلىغى تەسىس

قىلدى، بەش يىلدا تەخمىنەن 600 مىليارد يۈەن مەبلەغ يىغىلىپ، بۇ كەسىپلەر تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**ئۈچىنچى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا يېقىندىن تايىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.** ھازىر خەلقئارادىكى ئىقتىساد جەھەتتىكى رىقابەت ئاساسلىقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىكى رىقابەتتۇر، پەن-تېخنىكا قالاق بولسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى يۈكسەلمەيدۇ-دە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ئۇنداقتا زەربە يەيدىغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى نوقۇل ھالدا سان قوغلىشىدىغان ۋە تۆۋەن سەۋىيىدىكى قۇرۇلۇشلار تەكرارلىنىدىغان مەسىلىگە قارىتا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن ئىدىيىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق، بەش يىلدا دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكىغا خام چوت ئىچىدە ئاجراتقان مەبلىغى 109 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.8 تىن ئېشىپ باردى. پەن-تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق تۆمۈريول ئېغىر يۈك ترانسپورتى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، ئوپتىكىلىق ئالاقە، چوڭ تىپتىكى سانلىق پروگراممىلىق باش تېلېفون ئاپپاراتى، 600 مىڭ كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى، 500 مىڭ ۋولتلۇق ئۆزگىرىشچان توك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىستانسىسى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى، نېفت بۇرغىلاش، ھور بىلەن پارچىلاپ ئېتىلېن ئېلىش، ئېغىر ماينى كاتالىزلاپ پارچىلاش، كۆمۈر كاندا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال قېزىش-كولاش ئۈسكۈنىسى، قۇيۇش ھەم يېسىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى لايىھىلەش، ياساش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇپ، چەت ئەل بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلەتتۇق، بەزى جەھەتلەردە خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. مەسىلەن، تېخنىكىسى كىرگۈزۈلگەن 300 مىڭ، 600 مىڭ كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ھازىر تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ كۆمۈر قېزىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى %65 تىن ھازىرقى %72 كە يەتكۈزۈلدى؛ پولاتنى ئۇلاپ يېسىلاش نىسبىتى 1990-يىلدىكى %22.3 تىن 1994-يىلدىكى %40 تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى، مۇشۇ بىر تۈردىلا ئوخشاش مىقداردىكى پولاتنى يېسىلاشقا قارىغاندا 1 مىليون 600 مىڭ توننا پولات ماتېرىياللىرى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلدى؛ سائەتلىك تېزلىكى 160 كىلومېترغا يېتىدىغان گۇاڭجۇ-شېنجېن يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ بېيجىڭ مۇسبەت-مەنپىي ئېلېكترونلارنى سوقۇشتۇرۇش ماشىنىسى، لەنجۇ ئېغىر ئىئونلۇق تېزلەتكۈچ، خېفېي ماس قەدەملىك چاچما نۇر تەجرىبىخانىسى قاتارلىق تۈرلەر دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىر پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 35 پىرسەنتكە يەتكەن.

**تۆتىنچى، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەڭگەش تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.** 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بەلگىلەنگەن "رايونلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ئوتتۇرىسىدىكى، دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىشىنى، ھەر جاي ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش، ئارتۇقچىلىقنى ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، تەڭگەش راۋاجلىنىش يۆنىلىشى بويىچە يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم" دېگەن سىياسەتكە ئاساسەن، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ۋە غەربتىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىندى. دۆلەت ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى جايلاردا زور بىر تۈركۈم چوڭ ھەم ئاساسىي كەسىپ تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە يۈتتۈردى، مەسىلەن، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان سەنشيا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، سەنشى، شەنشى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۆمۈرلۈك بازىسى، گەنسۇ، جياڭشى رەڭلىك مېتال بازىسى، شياۋلاڭدى، ۋەنجياجەي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، داتۇڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىنۋاڭچۈەن رايونىغا باشلاش قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى، باۋجى-جوڭۋېي تۆمۈريولى، لەنجۇ-ئۈرۈمچى تۆمۈريولىنىڭ قوش لىنىيىلىك قۇرۇلۇشى، نەنىڭ-كۇنمىڭ تۆمۈريولى قاتارلىق غول تۆمۈريول لىنىيىسىدە، بېيجىڭ-تەييۈەن-شىئەن-لەنجۇ-ئۈرۈمچى ئوپتىك كابېل غول ئالاقە لىنىيىسى قۇرۇلۇشى ھەمدە ئەرتەن، تيەنشېڭچياۋ، مەنۋەن، گېخېيەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھەم ئاساسىي كەسىپ تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئويىنىغۇسى. دۆلەت چوڭ تىپتىكى ئاساسىي كەسىپ تۈرلىرىنى قۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش بىلەن بىللە، يەنە كەڭ كۆلەمدە نامرات رايونلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئىلگىرى سۈردى، 1985-يىلدىن 1995-يىلغىچە بولغان ئون يىل جەريانىدا، دۆلەت ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش ھېسابىدا 28 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالدى، باشقا ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن نامرات رايونلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، نامرات رايونلار تەدرىجىي ئازايدى.

**بەشىنچى، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، دېڭىز بويىدىكى رايونلار، دەريا بويىدىكى رايونلار، چېگرا رايونلار ۋە يول بويىدىكى رايونلاردىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈلدى.** يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز

كېڭەيتىلىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئىشلىرىدا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە يۈكسىلىش بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىلمىز ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 150 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەككە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىن قەرز ئېلىنغان مەبلەغ 56 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ تەخمىنەن 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېلىدۇ. چەت ئەلدىن قەرز ئېلىنغان 56 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېنېرگىيە، قاتناش-ئالاقە ۋە يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى تۈرلىرىگە ئىشلىتىلىپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىدىمۇ بەلگىلىك ياخشىلىنىشلار بولدى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك جەھەتتىكى كاۋاكنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخنىكا، ئۈسكۈنە ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق يەنە دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك كەسىپلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىشكىنى سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال پايدىلىنىش بىزنىڭ ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان ئاساسىي فاڭجېنىمىز.

# 3

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە تەجرىبىلەر بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، بولۇپمۇ ئاساسىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئاساسى، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۈۋەندىكىدەك بىرنەچچە ھالقىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك:

**بىرىنچى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشتىكى خېيىم-خەتەرنى چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.**

مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھالقىلىقى مەبلەغ سېلىشتىكى خېيىم-خەتەرنى چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىر. مەبلەغ سېلىشتىكى خېيىم-خەتەرنى چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، بىرىنچىدىن، كارخانىلار ئاساسلىق مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تۈرلەر بويىچە قانۇنىي ۋەكىل مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇش تۈرىدە ئالدى بىلەن مەبلەغ سېلىشقا مەسئۇل بولىدىغان ئاساسىي گەۋدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئاۋۋال قانۇنىي ۋەكىلنى بەلگىلەپ، ئاندىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. قانۇنىي ۋەكىل قۇرۇلۇش تۈرىنى بېكىتىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن تارتىپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش ۋە مەبلەغنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ھەم ئاشۇرۇشقىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا مەسئۇل بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەبلەغ سېلىشتىكى خېيىم-خەتەر مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت مەبلەغ سالىدىغان بىرتۈركۈم ئاساسىي گەۋدىلەرنى ئېنىق بەلگىلەپ، ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش، پايىغا قاتنىشىش، پايىنى تىزگىنلەش قاتارلىق مەبلەغ سېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلۇش تۈرىدە دەسمايە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىدىن يولغا قويۇلىدىغان تۈرلەردە جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى تۈرلەر ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تۈرلىرىدىن باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە بىردەك دەسمايە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. ئومۇمەن دەسمايىسى ئەمەلىيلەشمىگەن ياكى بەلگىلىمە بويىچە ھەل بولمىغان تۈرلەرنى بىردەك تەستىقلاشقا بولمايدۇ، ئىش باشلاشنى تەستىقلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**ئىككىنچى، تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.**

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قانچە تېزلىتىلگەنسېرى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، مەبلەغ سېلىشنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى شۇنچە كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، كېيىنكى قەدەمدىكى تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە شۇكى، بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى ۋە كۆلىمىگە ئاساسەن، بىرقانچە مەخسۇس كەسىپ سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخنىكا سىياسىتى ۋە ئۈسكۈنە سىياسىتىنى تېزراق تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك

قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، داۋاملىق تۇردە ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە يىللىق پىلان تۈزۈش ئارقىلىق بەلگىلىك مەزگىل ئىچىدە نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كەسىپ ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بەلگىلەش، بۇ كەسىپ ۋە تۈرلەرگە نىسبەتەن دۆلەت ئېخمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش يولى بىلەن مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ مەنبەسىنى كونترول قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، «بويىنتۇرۇق» كەسىپ قۇرۇلۇشىنى مۇقىم مەبلەغ مەنبەسگە ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت نۇقتىلىق ئاساسىي كەسىپكە نىسبەتەن داۋاملىق ھالدا قۇرۇلۇش ئاساسىي مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك؛ بەشىنچىدىن، قانۇن تۇرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تۇراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى تېزراق تۈزۈپ چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشىنى قانۇن-تۈزۈملەشتۈرۈش ئىزىغا سېلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سۇ ئىنشائاتى، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىققا ياردەم بېرىدىغان سانائەتكە نۇرغۇن مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا سالدۇق، بۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بىراق، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بىزنىڭ يېزا ئىگىلىككە سالغان مەبلىغىمىز يېتەرلىك بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ سېلىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، يېزائىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساس مۇقىم بولماي قالدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ئاساسەن جايلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن بولدى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ مەركەزنىڭ مالىيە كىرىمى ئودا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا يەنىلا بىرقەدەر يۇقىرى نىسبەتتە ئېشىپ، مەركەزنىڭ پۈتۈن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ نىسبىتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش پىرسەنتكە يېتىپ، 7-بەش يىللىق پىلان ۋە 6-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىسىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. مەركەزنىڭ خام چوتىدىكى يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان مەبلەغمۇ 80-يىللاردىكى 5%-8% تىن ئېشىپ، تەخمىنەن ھازىرقى 15% كە يەتكۈزۈلدى. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىككە سالغان مەبلەغ نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ باردى، يېزىلار ۋە دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىككە سالغان مەبلىغىمۇ ئازىيىپ كەتتى. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، بىز بۇنداق ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىشىمىز، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك. بىرتەرەپتىن مەركەز يېزا ئىگىلىككە ۋە يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىدىغان سانائەتكە سالىدىغان مەبلەغنى داۋاملىق ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ يېزا ئىگىلىككە مەبلەغ سېلىش مەسئۇلىيىتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىشى كېرەك، بۇ، ئېلىمىزنىڭ يېزا-ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلىغىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەدبىر قوللىنىپ، كەڭ دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشكە يېتەكلەش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئاساسلىق كەسىپنى تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

**تۆتىنچى، ئاساسىي كەسىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە تايانچ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك.**

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، بىزنىڭ ئاساسىي كەسىپىمىز، ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىمىز ۋە تايانچ كەسىپىمىزدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى، قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئاساسىي كەسىپ ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە پەسىيىش بولدى. ئەمما خەلق ئىگىلىكىگە نىسبەتەن ”بويۇنتۇرۇق“ بولۇۋاتقان چەكلىمە تېخىچە تۈپ نېگىزىدىن تۈگىتىلگىنى يوق. خەلق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش جەھەتتە يەنىلا زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى جەھەتتە چوڭ دەريالارنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ قاتناش ترانسپورت جەھەتتە ئۇنىۋېرسال ترانسپورت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، تۆمۈريول، تاش يول، سۇ يولى قاتنىشى، ئاۋىئاتسىيە ۋە تۇرۇبا بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش قورۇلۇشىنى كۆچەيتىش، بولۇپمۇ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلىتىپ، يېڭىدىن بىر تۈركۈم ئايرودروم، پورت ۋە ئالىي دەرىجىلىك تاشيوللارنى ياساپ چىقىش كېرەك. پوچتا-تېلگىراف، خەت ئالاقىدە ئەسلىدىكى ئاساستا نۇقتىلىق ھالدا ئالاقە غول لىنىيىسىنى، بولۇپمۇ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورى ۋە ئۇنىۋېرسال ئالاقە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدا بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن بايلىقنى تېجەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش، بايلىقنى تېجەشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز نېفتىنى، تەبىئىي گازنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشنى تېزلىتىش، ئېلېكتر قۇۋۋىتى ۋە كۆمۈرچىلىك قۇرۇلۇشى كۆلىمىنى مۇۋاپىق چوڭايتىش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوت ئېلېكتر ستانسىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، يادرو ئېلېكتر ستانسىسىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؛ ماشىنىسازلىق سانائىتىدە چوڭ-چوڭ تېخنىكا-ئەسلىھەلەرنى، ھالقىلىق ئاساسىي ماشىنا ۋە ئاساسىي زاپچاسلارنى مۇھىم ھۇجۇم نىشانى قىلىش كېرەك؛ ئېلېكترون سانائىتىدە مىكرو ئېلېكترونىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنى ئېچىپ، ھېسابلاش ماشىنىسى، خەۋەر-ئالاقە، يۇمشاق دېتال قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق

ئىگىلىكىنىڭ ئۆچۈرلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ «ئاپتوموبىل سانائىتى كەسپىي سىياسىتى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتوموبىللارنىڭ ھالقىلىق دېتال-زاپچاسلىرىنى، تېجەشلىك پىكاپلارنى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئاپتوبۇسلارنى شۇنىڭدەك مەخسۇس ماشىنىلارنى ياساشنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، ئىچكى بازارنىڭ تەلىپىنى ئىرىشىپ قاندۇرۇش كېرەك؛ نېفىت-خىمىيە سانائىتىدە ھازىرقى كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشنى ئاساس قىلىش، يېڭى تۈرلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوبدان پىششىقلاپ ئىشلەش كېرەك. ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاساسىي مۇئەسسەسە، ئاساسىي سانائەت ۋە تايانچ كەسىپ تۈرلىرىدىمۇ بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش لازىم. ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، تايانچ كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىگىلىك كۆلىمىنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**بەشىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىدىغان مەبلەغ نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، مەبلەغنىڭ تېخنىكا تەركىبىنى ئىرىشىپ ئۈستۈرۈش كېرەك.**

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىنى پەيدىنپەي تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە يۆتكەپ، ھازىرقى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئۇسكۇنىلىرىنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمەن ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىكى تۈرلەردە يېڭى قۇرۇلۇش باشلىماسلىق، يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويماسلىق، ھەقىقىي تۈردە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىچكى مەزمۇن قىلغان يولدا مېڭىش كېرەك؛ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي كەسىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە تايانچ كەسىپ قۇرۇلۇشى داۋامىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان چوڭ-چوڭ ھالقىلىق تېخنىكا، ئاساسلىق مەھسۇلات ۋە يۇرۇشلەشكەن ئەسلىھەلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇسكۇنىلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى كۆپەيتىپ، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئۈستۈرۈشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىزنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بىز ھازىر خېلى كۈچلۈك ماددىي-تېخنىكىلىق ئاساس ھازىرلىدۇق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى باشقۇرۇش سەۋىيىمىز ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئۆزلۈكسىز

چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، كىشىلەر تەرەققىيات كويىدا بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چوقۇم 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىنمۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم قويالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

**(ئاپتور دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەتروزى**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# جۇڭگونىڭ 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلىشىدىكى پروگراممىسى

— پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
«تەكلىپ»نى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان بىرقانچە تەسىراتىم

ۋاڭ ۋېيدىڭ

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان مۇھىم يىغىن بولدى. ئومۇمىي يىغىن قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ»دە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، كۆرەش نىشانى، ئاساسىي فاكجېنى، ئاساسىي ۋەزىپىسى، شۇنىڭدەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە چوڭ-چوڭ سىياسەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلىشى ئۈچۈن توغرا پروگرامما بەلگىلەپ بېرىلدى؛ بۈنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى ئىلمىي ئاساستا تۈزۈپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئومۇمىيىسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈش مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى دۇنيا ئەندىزىسىدە تۇتىدىغان ئورنىغا، پارتىيىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ھەم تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش كېرەك

«تەكلىپ»تە مۇنداق دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ”بۈنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل بولىدۇ.“ بىزنىڭ ئاساسىي چوڭ پىلانىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ

www.uyghurkitap.com

ۋە زورايتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى ئۇزاققىچە ئەمىن تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ — «تەكلىپ» كە سىڭدۈرۈلگەن توپ يېتەكچى ئىدىيە، شۇنداقلا «تەكلىپ»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزدىكى ئاساسىي ھەرىكەت مىزانىمىز.

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە، ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان 17 يىلدىن بۇيانقى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنىسى ئايانكى، ئەڭ مۇھىمى بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاپتۇق. ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مەملىكىتىمىزدەك چوڭ دۆلەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەينەك قىلغۇدەك تەييار تەجرىبە يوق، بۇنىڭدا ئۆز ئالدىمىزغا ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل، مۇرەككەپ ۋەزىپىدۇر. توغرا يولنى تېپىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز 50-يىللاردىن باشلاپ نەچچە ئون يىللاپ جاپالىق ئىزدەندى. پارتىيىمىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، خەلقئارادىكى تەجرىبىلەرنى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى، ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈش ۋە بۇنىڭغا دائىر يېڭى تەجرىبىلەرنى توپلاش ئارقىلىق، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار ئاساسلىق مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بەردى، بۇنىڭ بىلەن، يولداش ماۋ زېدۇڭدىن باشلانغان سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان يولىنى تېپىپ چىقىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتە تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش ھاسىل قىلىندى. بۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىدا ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدە مەركەزلىك ئىپادىلەندى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسى، شۇنداقلا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى. ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى يېپيېڭى ۋەزىيەت يارىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى جىددىي ئۆزگىرىش بولغان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ سىناقلىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتا" دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىزنىڭ

بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئىدىيىۋى-سىياسىي كاپالەتتۇر.

**ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ قەدەملىك تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.** "ئۈچ قەدەملىك" تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ بولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزدە زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىش خاراكتېرىگە ۋە ئىزچىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، بىرىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشان 80-يىللاردا مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن غەلىبىلىك ئورۇندالدى. 2000-يىلغا بارغاندا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش ۋەزىپىسى بۇ يىل مۇددەتتىن بەش يىل بۇرۇن ئورۇندىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1994-يىلى باھانىڭ بازار ئارقىلىق تەڭشىلىش نىسبىتى، سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىدا %95 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى، دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا %80 تىن كۆپرەكنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدا %85 تىن كۆپرەكنى ئىگەللىدى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسەن شەكىللەندى. مەملىكىتىمىز ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىنىڭ دۇنيا تاشقى سودىسىدا ئىگەللىگەن سالمىقى، 1980-يىلدىكى 18-ئورۇندىن ھازىر 11-ئورۇنغا ئۆتتى، بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ 1994-يىلى تەخمىنەن 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇ ھال خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلاردىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1994-يىلدىكىنى 1980-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، مال باھاسى ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى %157.4 ئۆستى، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرمۇش راسخوتى كىرىمى %115.5 ئۆستى. بىز ھەم بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرۈپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ھەم بۇنى زامانىۋىلىشىش نىشانىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا خېلى زور پەرق بارلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ تىرىشىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

**ئۈچىنچى، پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئۈستۈرۈشىمىز كېرەك.** ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيىمىز ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992-يىلى قىلغان مۇھىم سۆزىنى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە بىر قاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجىسىدە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق كاللىسىنى قوراللاندۇرماقتا ۋە بۇ نەزەرىيىنى خىزمەتلەرگە يېتەكچى قىلماقتا؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا؛ ھەرقايسى ساھەلەردە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرمەكتە؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن ۋە ئىستىل جەھەتتىن داۋاملىق ئىلگىرى سۈرمەكتە. بۇ پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزئالدىغا توغرا بىر تەرەپ قىلماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى ۋە ئاساسىي ئەمەلىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقىلار ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش ئىشى ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى. پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىز ئۆز ئىشلىرىدا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ باغلايدۇ.

## 2. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى راۋاج تاپقۇزۇشىمىز كېرەك

ئېلىمىز 80-يىللاردىن بۇيان زور قەدەم بىلەن راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى.

بىگى ئەسرگە قەدەم تاشلىماقچى بولۇۋاتقان پەيتتە، زور قەدەمدە راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىق مەسىلىسى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. «تەكلىپ» دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مۇنداق ئاساسىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى: ”ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئالدىمىزدا ئاسان قولغا كەلمەيدىغان تارىخىي پۇرسەت تۇرماقتا، جىددىي خىرىسقىمۇ دۇچ كەلمەكتىمىز“، ”بىز تىنچ شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپنىمۇ ئويلاپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلىشىمىز كېرەك“، ”بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىگى خىرىسنى تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋېلىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك“. بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش ھەممە بۇنى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىيتەكلەشكە تەدبىقلاش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۇنيا مىقياسىدىن قارايدىغان بولساق، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيادىكى ئىككى ئاساسىي تېما بولۇپ قالدى، بۇ ھال تارىخنىڭ ئۇزاق مۇددەت بېتىلدۇرۇشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. 20-ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدا داۋالغۇش ئەڭ كۆپ بولغان ئەسىر، شۇنداقلا دۇنيانىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان ئەسىر بولدى. بۇ ئەسىردە، ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، دۇنيا خەلقىگە مىسلىسىز بالايىئاپەت كەلتۈردى ۋە دۇنيا خەلقىنى ئاچچىق ساۋاققا ئىگە قىلدى. قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەزى رايونلارنى ھېلىمۇ ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ تۇرماقتا. شۇنداقتىمۇ خەلق تارىخ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچتۇر. قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. كاپىتال جاھانگىرلىكىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بەرپا قىلغان، بىمىرلىمەس دەپ قارىلىپ كەلگەن مۇستەملىكە سىستېمىسى بىر نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، 20-ئەسىردە تارىخنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىدا پاچاقلاپ تاشلاندى. ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئازادلىققا ۋە مۇستەقىللىككە ئېرىشتى. بىز مەھەل دەۋر سۈرگەن زومىگەرلىك زاۋالغا يۈز تۇتماقتا، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق ئەندىزىسى تېزدىن شەكىللەنمەكتە، خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن پەسىيىشكە يۈزلەنمەكتە. دۇنيانىڭ تىنچ بولۇشى، دۆلەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندى. بۇنداق خەلقئارا مۇھىت دۆلىتىمىزگە ئىنتايىن پايدىلىق.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى چوڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى 100 نەچچە يىللىق ھاللىقنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تەدرىجىي شەكىللەنگەن. 1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىز يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. مەملىكىتىمىز خەلقى جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ ئېغىر كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز دۆلىتىنى دادىل گۈللەندۈرەلەيدىغان بىر ئىجتىمائىي

شارائىتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، 100 نەچچە يىل قانلىق كۈرەش قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئاخىر زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆردى. ئېلىمىز خەلقى يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللىكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلىپ، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى جۇڭگونى ۋە سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تارىخىي يېڭى سەھىپە ئاچتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشنىڭ داغدام يولىغا قەدەم قويدۇق. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ۋە پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېقىنقى 17 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا سىنالغان ماددىي، تېخنىكا ئاساسىمىز ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، مانا بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا دۇنيادىكى مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشىمىزنىمۇ ئاساسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

ھازىرقى دۇنيا تىنچ ئەمەس، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياستى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال كۈچى جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشى ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارادا، مەملىكىتىمىز تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراۋاتىدۇ، خەلقئارا مۇناسىۋەتتە زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئىچكى جەھەتتە، تەرەققىيات داۋامىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، مەملىكىتىمىز ھەم كەسكىن خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ھەم ياخشى پۇرسەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق پۇرسەت خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، پۇرسەتنى قەدىرلەش، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىش پەيدىنپەي پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىۋاتقىنىمىزدا، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋر تەقەززالىقى تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، غەم يېيىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئېلىمىزنى ئوبدان گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

### 3. كۆرەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك

نىشاننى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاپ، ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىغان
مۇھىم مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىنكى 15 يىلدا بىزنىڭ قانداق نىشانغا يېتىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتىكى
ئىمكانىيەت مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ
مەسىلە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلىنىۋاتقان
شارائىتتا تۈزۈلگەن تۇنجى ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان، ئۇنىڭ ماكروچانلىقى، ستراتېگىيە-
لىكلىكى ۋە سىياسەتچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر. دەل مۇشۇ ئىككى تەرەپ نەزەرگە ئېلىنىپ، «تەك-
لىپ»تە نۆۋەتتىكى ھالدا بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدىكى ئاساسلىق كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى
ھەم بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاڭجېن شەرھلەندى.

«تەكلىپ»تە بەلگىلەنگەن ئاساسلىق كۆرەش نىشانىدا "ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ مېڭىش" ستراتېگىيىسى-
نىڭ ئىزچىللىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى
سۈرىدىغان ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باشتىن-ئاخىر
ئېغىشماي چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ تۈپ پرىنسىپتۇر. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ
ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدە بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشتا. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى
باشتىن ئاخىر مەھكەم ئىگەللەپ، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز
كېرەك. 2000-يىلغا بارغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى 1980-يىلدىكىدىن 300 مىليون ئەتراپىدا كۆپەيـ-
گەن ئەھۋال ئاستىدا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يى-
لىدىكىدىن ئىككى قاتلاشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. 2010-يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىس-
تىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز
ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە
نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.
2010-يىلىغا بارغاندا خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن،
ئىسلاھات — تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىپ، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ،
دەسلەپكى قەدەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. 2010-يىلغا بارغاندا
بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، كېيىنكى ئەسىر-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ماددىي ئاساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە تۈزۈلمە ئاساسنى يارىتىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭ ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «تەكلىپ»تە ئۆتكەن 17 يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، چوڭ تۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك توغرا بىتەرەپچى فاكتېر ئۈچ قاتلام بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلىندى. بىرىنچىدىن، ئەڭ نېگىزلىكى شۇكى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق خىزمەتلەردە تىرىشىپ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلەش كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش، خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدىن ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت تېپىش كېرەك. مۇستەقىل، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئۇزاققىچە پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى مەھكەم ئىگەللەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. پۈتۈن مەملىكەت بۇ ئاساسىي فاكتېرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى ئاڭلىق ھالدا ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ۋە قوغدىغاندىلا، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك توققۇز مۇھىم فاكتېر تەكىتلىنىپ، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر ئېنىق ئاساسقا ئىگە قىلىندى. بۇ بىتەرەپچى فاكتېرلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى بولۇپ، نۇرغۇن تەجرىبىلەر بەلگىلىك بەدەلدىن كېيىن قولغا كەلگەن. كۆرەش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىتەرەپچى فاكتېرنىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ئىشلىرىمىزنى پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا سىلجىتالايمىز.

## 4. قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا. «تەكلىپ»تە بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىگىش، مۇرەككەپ بىر ئىش. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى بىتەكلەپ، ياخشى ئاسراپ، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن

تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئارقىسىدا بازارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈرلۈك بايلىق مەنبەلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە. تەرەققىيات چىڭ قائىدە، تەرەققىيات ئۈچۈن قاتتىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تۆت تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئېلىمىز ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتىن يەنىمۇ ئېنىق يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى.

**بىرىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، بىرىنچى كەسىپنى نوقتىلىق كۈچەيتىش، ئىككىنچى كەسىپنى تەڭشەش ۋە ئۆستۈرۈش، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.**

زامانىۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ بازار رىقابىتى ئارقىلىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئۆزئارا قوللىشىنى كۈچەيتىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشىمىغان كەسىپلەرنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشى، كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ سەرخىللاشتۇرۇلۇشى ۋە بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى زامانىۋى ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ بىر ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپى. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، رىقابەتنى تەكىتلەيمىز، ھەمكارلىقنىمۇ تەكىتلەيمىز؛ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاڭلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى كەسىپ باشقا دۆلەتلەردە قازمىچىلىق كەسپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەملىكىتىمىزدە بولسا يېزا ئىگىلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىز بىر مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا ئاھالە 200 مىليون ئەتراپىدا كۆپىيىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىنى باشقا دۆلەتلەرگە تايىنىپ بېقىپ كېتىش ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، يېرى ئاز، يېزا ئىگىلىك ئاساسى ئاجىز، بۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاقتىچە بوغۇپ كېلىۋاتقان بىر مۇھىم ئامىل. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى باشتىن-ئاخىر خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇش كېرەك، بۇ ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى چوڭ ئىش. پىلان تۈزگەندە يېزا ئىگىلىكىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئالدى بىلەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. «تەكلىپ»تە يېزا ۋە يېزا ئىقتىسادىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى چوڭ ۋەزىپە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا، بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، بۇ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىگە

www.uyghurkitap.com

ماسلىشىدىغان ئىككى تەرەپ. يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانغاندىلا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسەلەيدۇ، ۋاھالەنكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى يېزا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. يېزائىگىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. «تەكلىپ»تە ھەرقايسى رايونلار، ھەر ساھە-ھەر كەسىپلەر، يېزا كوللېكتىپى ۋە دېھقانلارغا قارىتا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزائىگىلىكىنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى كەسىپ ئېلىمىزدە ئاساسلىقى سانائەت ۋە بىناكارلىقتىن ئىبارەت. ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ بېرىشى ئۈچۈن بارغانسېرى مول ۋە رەڭدار سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى كۈندىن-كۈنگە ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەيدۇ. «تەكلىپ»تە ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەتنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تايانچ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تەكىتلەندى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ۋەزىپە ۋە سىياسەت-تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاساسلىق ۋەزىپىلەر مۇنداق: بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەت قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىشكە قارىتىش كېرەك. ئاساسىي مۇئەسسەسە پۇختا-مۇستەھكەم بولغاندىلا، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. ئاساسىي سانائەت راۋاجلاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، ئاپتوموبىل ياساش ۋە بىناكارلىق قاتارلىق تايانچ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ داۋاملىق ئېشىپ بېرىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەڭشەش، ئۆزگەرتىش ۋە يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى كەسىپتىكى ھەرقايسى ساھەلەر ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇشى، بازارغا كىرەلەيدىغانلىرى بازار رىقابىتىدە روناق تېپىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئۈچىنچى كەسىپ ئاساسەن مۇلازىمەت كەسپىدىن ئىبارەت. ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ راۋاجلىنىشى بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئۈچىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئاز-تولا يۇقىرى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نىسبەتەن ئارقىدا، ئۇنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن ساياھەتچىلىك، ئۇچۇر، مەسلىھەت بېرىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى، قانۇن مۇلازىمىتى، بوغالتىرىيە مۇلازىمىتى قاتارلىق مۇلازىمەتچىلىكنى تېخىمۇ پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ

تەجرىبىسگە ئاساسلانغاندا، پۇل مۇئامىلە كەسپى ۋە ئۆي-زېمىن كەسپىنى قارىغۇلارچە، تەرتىپسىز راۋاجلان-دۇرۇۋېرىش كۆپۈك ئىگىلىكنى پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نۇرغۇن بايلىقنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل مۇئامىلە كەسپى، ستراخوۋانىيە كەسپى بولۇپمۇ ئاكسىيە بازىرى ۋە قەرەللىك مال بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆي-زېمىن كەسپىنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سېلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە.

**ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۇسۇلىنى كەلگۈسىدە قوللىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈچۈرلاشتۇرۇلۇش جەريانىنى تېزلىتىپ، پۈتكۈل ئىگىلىكنى يېرىك ئىگىلىكتىن ئۇنۇمدار ئىگىلىككە بۇراشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.** «تەكلىپ»تە ئىقتىساد-نىڭ ئېشىش شەكلىدە بۇرۇلۇش ياساش بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى دەپ تەكىتلەنگەن، بۇ، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان توغرا تەدبىر. ئۇزاقتىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىدا سۈرئەتكە ئېتىبار بېرىپ، ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان، سانغا ئېتىبار بېرىپ، سۈپەتكە سەل قارايدىغان، سېلىنمىغا ئېتىبار بېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا سەل قارايدىغان، تۆۋەن سەۋىيىلىك قۇرۇلۇشلار تەكرار ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەھۋاللار ئېغىر، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىسراپچى-لىق ناھايىتى كۆپ، ئومۇمىي سۈپەت تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىمۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە. بىز ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدە بۇرۇلۇش ياساشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى ئاساسلىقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش يولىغا سېلىشىمىز، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى مەركەز قىلىش يولىغا سېلىشىمىز لازىم. بۇ — جىددىي ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسپلەر ھارماي-تالماي تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويۇش بىلەن ھازىرقى بار بولغان ئاساستىن پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. مەۋقەنى ھازىرقى ئاساس ئۈستىگە قويۇپ، ھازىرقى كارخانىلار-نىڭ بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھازىرقى كارخانىلارنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولسىلا، يەنە يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويماسلىق كېرەك.

**ئۈچىنچى، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئېلىمىز پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.** 20-ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى شۇكى، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 21-ئەسىردە تېخىمۇ زور بۆسۈشلەر بولۇپ، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى، سانائەت ئىنقىلابى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تېخىمۇ زور سەكرەشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسى دەل دەۋر ئالدىمىزغا قويغان تارىخىي ۋەزىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىكى رىقابەت، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. مائارىپ — ئاساس، پەن-تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىرىش كۈچى، بۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئورتاق تونۇش بولۇپ قالدى. مۇھىمى بىز ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي يوسۇندا پەن-تېخنىكا، مائارىپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پەن-تېخنىكا، مائارىپ بىلەن ئىقتىسادنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تېزراق رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش، پەن-تېخنىكىنىڭ بېكىملىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشى جەريانىدىكى تۆھپە نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

**ئۆتتىنچى، رايونلار ئىقتىسادىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىرقانچە رايون ئىقتىسادىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.** ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خېلى يۇقىرى سۈرئەت ۋە خېلى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم شەرت. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆتكەن 17 يىل جەريانىدا، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئەمما شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقى چوڭىيىپ قالدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «تەكلىپ» تە توغرا فاڭجېن بەلگىلەندى. فاڭجېننىڭ ئاساسلىق روھى مۇنداق: 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن باشلاپ، ئىچكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى پەسەيتىشكە پايدىلىق بولغان سىياسەتلەر يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە خىزمەت سىجىللىقى تەدرىجىي ئاشۇرۇلۇپ، پەرقنى كىچىكلىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. ئومۇميىلىققا بويسۇنۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، ئۆزئارا قوللاش ئارقىلىق ئورتاق گۈللىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىدا ئوبيېكتىپ شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، جۇغراپىيىلىك تەبىئىي ئالاھىدىلىكنى ۋە ھازىرقى ئاساسنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي شەھەرلەرگە ۋە مۇھىم قاتناش يوللىرىغا تايىنىپ، مەمۇرىي رايونلار چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون ئىقتىسادىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. «تەكلىپ» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) ھالقىغان ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى

تەسەۋۋۇر ھەرقايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ شەرت-شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھەمكارلىشىش، رايونلار ئىقتىسادىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى.

**بەشىنچى، ئىقتىساد بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ۋە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.** «تەكلىپ»تە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنى مۇھىم ستراتېگىيە قىلىش تەلەپ قىلىندى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 6-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن باشلاپ ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى پىلانلاشنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقىچە كېڭەيتكەنىدى، ھازىر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ۋە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقىچە كېڭەيتىمەكتە. داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بۈگۈنكىلەرگە بەخت يارىتىش بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ پىلان دائىرىسىنىڭ كېڭەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا زىممىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق تەلەپ ئاھالىنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەشنى، بايلىقنى تېجەشنى، مۇھىتنى ئاسراشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىساد بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە تۈزۈم ۋە مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاھالىنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى كېڭەيتىش جەھەتتىن قارىغاندا، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىنتايىن جاپالىق. مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇ خىزمەتنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەملىكىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھازىر يەنىلا نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان نەچچە ئون مىليون يېزا ئاھالىسىنىڭ قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار دەپ بەلگىلەنگەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى كەڭ ئېچىش، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بارلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش جەزمەن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتۇر.

ئىجتىمائىي تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بۇرۇلۇش ياساش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، زىددىيەت ناھايىتى كۆپ،

ۋەزىپە ئېغىر. بىز توغرا سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ھەم بىر قىسىم كىشلەرنىڭ ھالال ئەمگىكىگە ۋە قانۇنلۇق تىجارىتىگە تايىنىپ ئالدىن بېيىشىغا ئىلھام بېرىشىمىز، ھەم قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ؛ ياشانغانلارنى بېقىش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش ئىشلىرىدا زۆرۈر بولغان كاپالەتلەندۈرۈش بولغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

بايلىقنى تېجەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش جەھەتتىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يەرشارىدا قايتا پەيدا بولمايدىغان تەبىئىي بايلىقلار بارغانسېرى ئازلىماقتا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بارغانسېرى ناچارلاشماقتا. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بايلىقنى تېجەش ۋە پۈتكۈل يەرشارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلى-يەتنى ئۈز زىممىسىگە ئېلىشى لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىسىمۇ ناھايىتى مۇشكۈل. بىز ئىقتىسادنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش جەريانىدا تىرىشىپ بايلىقنى تېجەپ ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادتىكى زاپاس مىقدار جەھەتتە، ئىلگىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بايلىقنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش مەسىلىسىنىمۇ تەدرىجىي ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 5. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىيات ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاش كېرەك

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بۇندىن كېيىنكى 15 يىلدا ئورۇندايدىغان ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بىز جەزمەن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئەمەل قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، بىرقانچە چوڭ ھالقىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى.** خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىنغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بىز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز

كېرەك. تەپەككۇر يولىمىزنى كېڭەيتىپ، يۈرەكلىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، دادىل ئىزدىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا جۇڭگوچە ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىنى تىرىشىپ تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «تەكلىپ»تە يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بەنزە قۇرۇپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىلمىي بولغان تەشكىلات ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى بەرپا قىلىش جەھەتتە قاتتىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز چوقۇم مۇشۇ نىشان بويىچە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بۇ بىرقانچە نۇقتىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرىدىغانلا بولساق، ياخشى كارخانىلارنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كارخانىلاردىمۇ جانلىنىش بولىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، «تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر مۇھىم پىكىر يولى شۇكى، پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنى ياخشىلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، زاپاس مۈلۈك ئوبوروتى ۋە ئۇنى قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق، دۆلەت مۈلكىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى ۋە كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش، پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بازار رىقابىتىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتە بازار ۋە كەسىپ سىياستى يۆنىلىش قىلىنىپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، چوڭلىرىنى ياخشىلاپ، كىچىكلىرىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. رىقابەت قانۇنىيىتىنىڭ رولى تۈپەيلىدىن، ياخشىلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، ناچارلىرى شاللاپ تاشلىنىدۇ، باشقۇرۇلۇش ياخشى بولماي، ئېغىر زىيان تارتقان، دەسمايىسى قەرزىنى تۆلەشكىمۇ يەتمەيدىغان كارخانىلارنىڭ شاللىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ياخشىلىرىنى تاللاپ كۈچلۈكلىرىنى قوللاپ، بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلارنى ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، مەبلەغنى ۋاستە قىلىپ، بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، كۆلەملىك ئىگىلىك شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**ئىككىنچى، بازار تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلىدىغان ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان سورۇن.** بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەت بولغان بازار سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىنغاندىلا، بازارنىڭ دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا بايلىق تەقسىملەشتىكى ئاساس خاراكتېرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلغىلى بولىدۇ. «تەكلىپ»تە تاۋار بازارلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتكە قارىتا ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەيلى تاۋار بازىرى بولسۇن ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى بولسۇن، ھەممىسىدە ئاساسلىقى باھا بازار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان

مېخانىزمنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش كېرەك. تاۋار بازىرىدا توپ سېتىش بازىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زامانىۋى ئوبوروت تەشكىلاتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم تاۋارلارنى زاپاس ساقلاش تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە خېيىم-خەتەر فوندى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، تاۋار ئوبوروتىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن تېخىمۇ تەرتىپلىك تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. پۇل مۇئامىلىسى، يەر-زېمىن، ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا، ئۇچۇر بازىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتقاندا، قانۇن، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلەپ يۇقىرى، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بولغان تەسىرى زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىمىزمۇ كۆپ ئەمەس، شۇڭلاشقا ھەم ئاكتىپ بولۇش، ھەم پۇختا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەرتىپ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز؛ ئاۋۋال سىناق، قىلىپ ئاندىن كېڭەيتىپ، تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، بازار مېخانىزمى بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.** بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق بارغانسېرى شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتىمىزكى، بىز ئىقتىسادنى ئىنچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلسۇن دەيدىكەنمىز، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بازارنى يېتەكلەپ، ئىككىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەت ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بىر مەزگىلدە تۇرغاندا، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئالاھىدە مۇھىم. نۆۋەتتە بىز ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشتەك جاپالىق ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. ماكرولۇق ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنىڭ سەرخىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۈچلۈك ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاستىسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر، ھالبۇكى نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مالىيىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، قەرز كۆلىمىنى تىزگىنلەپلا قالماي، بەلكى مالىيە كىرىمىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدىكى نىسبىتىنى ۋە مەركىزىي مالىيە كىرىمىنىڭ دۆلەت مالىيە كىرىمىدىكى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ پۇلنىڭ ئامانەت-قەرزگە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەپ، پۇل تارقىتىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — پىلان، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماسلاشقان ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىشقان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر تۇتاش بولۇش، ئىخچام بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ ۋە تەڭشەپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى

پائال ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى راۋۇرۇس ئايرىپ، ھۆكۈمەتنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش جەھەتتىكى فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولمىغان فۇنكسىيىنى كارخانا، بازار ۋە جەمئىيەتتىكى ۋاستىلىك تەشكىلاتلارغا تەدرىجىي ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

**تۆتىنچى، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك دۆلەت سىياسىتىدۇر.** مەملىكىتىمىزدە قېلىپلاشقان تاشقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشكە، ئىشكنى ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئاساسىدا، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي-سودا ئالاقىسىنى ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارا ئىقتىساد بىلەن تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىمۇ ناھايىتى ئېغىر، بۇ ۋەزىپىلەر ئىشكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىچكى بازارلارنى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئېچىۋېتىش؛ تاشقى ئىقتىسادىي سودا تۈزۈلمىسىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تاموژنا بېجى نىسبىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش ۋە تاموژنا بېجى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا تەدرىجىي يوسۇندا مىللىي كارخانىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 6. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى

بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يادروسى — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدۇر. پارتىيىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك زامانىۋى سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دېگەنلىك، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى گۈللىنىدىغان، تەڭكەش تەرەققىي قىلىدىغان سوتسىيالىزم دېگەنلىكتۇر. «تەكلىپ» تە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات-

نىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈش ھەمدە زورۇر بولغان ماددىي كاپالەتنى بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. «تەكلىپ»تە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىزم پۇقرالىرىنى تەربىيىلەش ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئالتە جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچ سەرپ قىلىپ ئوبدان تۇتۇش تەكىتلەنگەن. بۇ ئالتە جەھەتتىكى خىزمەت ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ئۆزئارا ماسلاشقان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇ پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارلىرى ئاساسىدا، يېڭى ئەھۋال ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن، ستراتېگىيىلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئالغا سىلجىتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ساھەلەر، بارلىق ئورۇنلار ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى، ئېسىل ئەنئەنە ۋە كەسىپنى قەدىرلەش-ئىگىلىك تىكلەش روھى قۇرۇلۇشى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە بوشاشماستىن تىرىشىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. توغرا نەرسىلەر ھامان خاتا نەرسىلەرنى يېڭىش ۋە تۈگىتىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. «تەكلىپ»تە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ۋە تۈرلۈك چىرىك، زاۋالغا يۈز تۇتقان ئىدىيىلەرنى تۈگىتىشنى چوڭقۇر ھەم ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلەنگەن.

مەملىكىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئامانلىقىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

پارتىيىمىز زور تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈز زىممىسىگە ئالغان. پارتىيىنىڭ رەھبىرىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ ئۈز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ھەم رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈش كېرەك. «تەكلىپ»تە پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىدىيە قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش تەكىتلىنىپ، پۈتۈن پارتىيىدىن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى، ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، «تەكلىپ»تە بەلگىلەنگەن كۈرەش نىشانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن «تەكلىپ»تە بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىپ، 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلايلى.

**(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسەت تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)**

**رىسالەت ئابلا**
**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**ياقۇپ مۇھەممەتروزى**
**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 12>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2－373　定价：1.50元　邮政编码 100013